دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

# خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلار تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنى ئىللىتتى

## ـــــ 9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىدىن خاتىرە (2)

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ چۈنخۇا

خەلق تۇرمۇشى خەلق رايىغا تۇتىشىدۇ، خەلق رايى ئەڭ چوڭ سىياسىي. 9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار خەلق تۇرمۇشىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئاساسىي قاتلامنى گەۋدىلەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆزۈركۆلۈك، ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەركەز ئورۇنلىرىنىڭ سىياسەت، تۈر، مەبلەغ، ئىختىساسلىقلار جەھەتتىن قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، داۋالاش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى، زور بىر تۈركۈم خەلق تۇرمۇشى تۈرلىرى جايىدا ئەمەلىيلەشتى، پۇختا ئەمەلىيلەشتى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى زور دەرىجىدە ئاشتى.

### يېڭى يول ئاممىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا يول ئاچتى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىر مەيدان قاتتىق جەڭ، «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست» رايونى بۇ قاتتىق جەڭدىكى قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنى. 9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ئورۇنلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسەت، تۈر، مەبلەغ، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ دەل جايىدا، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر ئارقىلىق «ئەڭ قاتتىق قىيىنچىلىق»نى ھەل قىلىشقا مەركەزلىك كۈچەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشتى.

«ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق يۇرتداشلار ئۆستۈرگەن چىلان، ياڭاق، ئاق ئۆرۈك قاتارلىقلار ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە سېتىلىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنىڭ يېڭى يولىغا ئايلاندى» دېدى كۇچا شەھىرى چىمەن بازىرى توققۇز تۇما كەنتى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى مۇلازىمەت پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى غوپۇر ئەخمەت. بۇ يىللاردا، كۇچا شەھىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى مۇلازىمەت پونكىتى، نۇقتىسى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، «ئالاقە تورى+زاكازلىق يېزا ئىگىلىكى» ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدەندى، يۇرتداشلارنىڭ غەيرىتى تېخىمۇ ئاشتى.

ئۈچ يىلدىن بۇيان، سودا مىنىستىرلىقىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار دۆلەتنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىنى يېزىلارغا يۈزلەندۈرۈشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيە تۈرىدىن 31نى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، مەركەزنىڭ 585 مىليون يۈەن مەبلىغىنى قولغا كەلتۈردى. نۆۋەتتە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ناھىيەنىڭ 1177 يېزا ـ بازار، كەنتىدە ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى مۇلازىمەت پونكىت (نۇقتا)لىرى قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى مۇلازىمىتى بويىچە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە 240 مىڭ 700 ئادەم قېتىمغا يەتتى، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە 65 مىڭ 800 ئادەم قېتىم تەربىيەلىنىپ، 8594 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

«بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست قاتارلىق نۇقتىلىق رايونلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيدان يىغىنىنى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغىچە ئېچىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا دېھقانلارنى يېزا ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى، بىر تۈركۈم تورغا چىقىرىلىدىغان يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرى سۈپەتلىك ماركىسى، بىر يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئېلېكترونلۇق سودا ئوبوروت تورى، بىر يۈرۈش ئېنىق مىقدارنى سېتىش مىقدارىغا ئايلاندۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش مېخانىزمى، بىر تۈركۈم يەرلىك ئېلېكترونلۇق سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېڭىچە دېھقانلار ۋە ئېلېكترونلۇق سودا بازىرى سۇبيېكتى»دىن ئىبارەت ئېلېكترونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردۇق» دېدى سودا مىنىستىرلىقىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىر، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر ساۋ شياڭ.

9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ئورۇنلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار يەنە دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ سىياسەت مەدەتنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىنجاڭ ئېكولوگىيە ئورمان مۇھاپىزەتچىسىدىن 38 مىڭ 200نى ئورۇنلاشتۇرۇپ، 156 مىڭ نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولدى.

### يېڭى ماھارەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىشەنچكە ئىگە قىلدى

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشى. 9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ئورۇنلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى بۇ«مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇپ، مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا سىجىل كۈچىدى.

ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يېرىك پىلانىنى يېتەكچى قىلىپ، «ئاپتونوم رايوننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئۈچ يىللىق يېرىك پىلانى (2018 ـ 2020 ـ يىللى)» لايىھەسىنى تەشكىللەپ تەييارلىدى.

«بىز جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كەنتلەرگە بېرىپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارزۇسى ۋە ماھارەت سەۋىيەسىنى ئىگىلىدۇق.» ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىر، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن نازىر لىۋ جۈنچاڭ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىنىڭ قەدەم ئىزلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيەگە تارقالدى.

2018 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 22 ئېغىر نامرات ناھىيە «ئائىلە بىر تۈركۈم» يولى ئارقىلىق ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچىدىن 150 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللىك يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئۈچ يىلدا 100 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن تاماملىدى.

يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خوتەن شەھىرى يۇرۇڭقاش بازىرى يوڭبازار كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھۆسەن ھەسەن ئۇرۇمچىدە يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى. «مەن شىنجاڭ خۇاڭيۇ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىدە ئىشلەيمەن، ئايلىق مائاشىم 5500 يۈەن، ئىدارىنىڭ ياتىقىدا تۇرىمەن، تېجەپ قالغان پۇلۇمنى ئۆيدىكىلەرنىڭ ئائىلە خىراجىتىگە ئەۋەتىپ بېرىمەن، مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى!» دېدى ھۆسەن.

جۇڭگو مېيىپلەر بىرلەشمىسىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات ناھىيەلەردىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات مېيىپلەرگە يۈزلىنىپ ئۈلگە كۆرسىتىپ تەربىيەلەشنى قانات يايدۇردى، ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش بازىرىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز مېيىپ يارئېلى ھېسام ئەمالارنىڭ ساغلاملىق ئۇۋۇلاش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشكە قاتناشقاندىن كېيىن خىزمەت تاپتى.

### يېڭى كوللېكتىپ ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارنى ھەل قىلدى

داۋالاش بىلەن مائارىپ ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى. ئۈچ يىلدىن بۇيان، مائارىپ مىنىستىرلىقى شىنجاڭدا ئاجىز مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇشنى پائال قوللاپ، شىنجاڭ ئۈچۈن دۆلەت ئالاھىدە ئىش ئورنىلىق ئوقۇتقۇچىدىن 58 مىڭ ئادەمنى تەكلىپ قىلدى، «دۆلەت تەربىيەلەش پىلانى» ئارقىلىق 250 مىڭ ئوقۇتقۇچىنى تەربىيەلىدى، 6700 دىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىنى شىنجاڭغا بېرىپ مائارىپقا ياردەم بېرىشكە تاللاپ ئەۋەتتى.

«بۇ يەردىكى باللار بىزگە تېخىمۇ ئېھتىياجلىق!» بېيجىڭ شەھىرىدىن 9 ـ تۈركۈمدە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى سۆيىتىدە، پايتەخت سىفەن داشۆسى قارىمىقىدىكى داشىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لىۋ چىڭخۇا خوتەن ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە كېلىپ 9 ـ يىللىقلار ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. بۇ يەردە ئۇ «گۇرۇپپا ھەمكارلىشىش شەكلى»دىكى ئوقۇتۇشنى سىناق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش داۋامىدا مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى ئۆستۈردى.

دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان يەتتە ئۆلكە، شەھەردىكى 3A دەرىجىلىك 62 دوختۇرخانىدىن 681 مۇتەخەسسىسنى «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى نۇقتىلىق سەككىز مەركىزىي دوختۇرخانىغا ياردەم بېرىشكە تاللاپ ئەۋەتتى. «قان بېرىش»نى «قان ئىشلەش»كە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىر، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جوۋ مېيلىن نۇرغۇن خىزمەت ئىشلىدى.

«بىز مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە داۋالاش ئىختىساسلىقلىرى، ’ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى‘ بويىچە شىنجاڭغا ياردەم بېرىشتە ياردەمگە ئېرىشۋاتقان دوختۇرخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» قاتارلىق ئالتە ھۆججەتنى تۈزۈپ، دوختۇرخانىلارنىڭ ئىش ئورنى تەسىس قىلىش ۋە ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش، ئەگىشىپ ئۆگىنىدىغان كۇرسانتلارنى داۋاملىق تەربىيەلەش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىمە چىقىرىپ، ھەرقايسى ياردەمگە ئېرىشۋاتقان دوختۇرخانىلارنىڭ تەرەققىياتى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، سىياسەت مۇھىتى يارىتىپ بەردۇق» دېدى جوۋ مېيلىن.

«شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلارنىڭ ياردىمىدە، دوختۇرخانىنىڭ جىددىي داۋالاش بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى، ھامىلدار بولالماسلىق، تۇغماسلىقنى داۋالاش بۆلۈمى قاتارلىق ئاجىز بۆلۈملەرنىڭ كۈچى كۈچەيدى.» دېدى قەشقەر ۋىلايەتلىك 1 ـ خەلق دوختۇرخانىسى ھامىلدار بولالماسلىق، تۇغماسلىقنى داۋالاش بۆلۈمىنىڭ مۇدىر ۋىراچى ئايىنۇر سىدىق.

### يېڭى ئەسلىھەلەر ئاساسىي قاتلامغا يېڭى قىياپەت ئېلىپ كەلدى

شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مەبلىغىنىڭ 80%تىن كۆپرەكى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا، ناھىيە ھەم ناھىيەدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلامغا ئىشلىتىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىغا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنىڭ نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى... مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ قىياپىتى كۈنسايىن يېڭىلاندى.

سىرىق توپىلىق يوللار ئاسفالت يوللارغا ئايلاندى، كەنتلەر يېپيېڭى تۈسكە كىردى... بۈرۈلتوقاي ناھىيەسى كۆككۆلاغاش يېزىسى ئاقئۆتكەل كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى جامال خادىلنىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىقى بار ئىدى، «كەنت ئاھالىلىرى خاس پارنىك تېرىقچىلىقى، دېھقانلار ئارامگاھى تىجارىتىگە تايىنىپ بېيىش يولىغا ماڭدى، ھەممە ئائىلىنىڭ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش غەيرىتى تولۇپ تاشتى!»

9 ـ تۈركۈمدە مەركەز ئورۇنلىرىدىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر دىققەتنى پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق يېتەكلەشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پائالىيەت بازىسىدىن 3300دىن كۆپرەكنى يېڭىدىن قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇشنى قوللىدى، 1057 ئاجىز كەنت، پۇچەك كەنتنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ زورايتىشنى يۆلىدى.

شايار ناھىيەسى تويبولدى بازىرىنىڭ قىزماتا كەنتىدە، 2019 ـ يىلى كېڭەيتىپ قۇرۇلغان بىر بېكەت شەكلىدىكى خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت مەركىزى، كەنت ئاھالىلىرى پائالىيەت مەركىزى قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان كەنت كومىتېتى پائالىيەت بازىسى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشتىكى مۇستەھكەم ئارقا تىرەككە ئايلاندى.

«كەنت ئاھالىلىرى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىقلارنى بېجىرگەندە ماتېرىياللارنى خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت مەركىزىگە تاپشۇرسىلا بولىدۇ، يىراققا قاتىرىمىسىمۇ بولىدۇ!» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ قىزماتا كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى ۋاڭ خۇڭشيا مۇنداق دېدى: ھازىر كەنت ئاھالىلىرى پائالىيەت مەركىزىگە كېلىپ شاھمەت ئوينىش، كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى، كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە چاقىرىق كۈچى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى.

يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى بولغاچقا، مەركەز ئورۇنلىرى ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شەخسسىز ياردىمى بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، چوقۇم تېخىمۇ ئىللىق، گۈزەل خەلق تۇرمۇشى بەختىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقالايدۇ!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

گۈللىنىپ روناق تېپىشى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكى، خەلقنىڭ بەختى، ئامانلىقى ـ ساغلاملىقىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور مەسىلە. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم سۆز قىلىپ، مۇھىم بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قاتار يۆنىلىش خاراكتېرلىك، تۈپ خاراكتېرلىك، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە چوڭقۇر جاۋاب بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قانۇنىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇردى، بۇ، ماركسىزملىق دۆلەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش نەزەرىيەسىنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتى بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى ئىلمىي كۆرسەتمە ۋە ئاساسىي مىزان بىلەن تەمىنلىدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىگە بولغان قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە غايەت زور ئەۋزەللىكنى چوڭقۇر تونۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى كەم ـ كوتىسىز، قەتئىي، كۈچلۈك، ياخشى تاماملاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بەرپا قىلىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولىنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ھەقىقىي تۈردە تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنى باشلامچىلىق بىلەن، نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ، تۈزۈمنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، تۈرلۈك تۈزۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشى، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم ئېڭىنى كۈچەيتىش كېرەك. باشلامچىلىق بىلەن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، قىلچە تەۋرەنمەي جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈپ تۈزۈمى، ئاساسىي تۈزۈمى، مۇھىم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئىجرا قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم نوپۇزىنى قوغداش كېرەك. ئاڭلىق ھالدا تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، تۈزۈم ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ تۈزۈمگە ئاڭلىق ھۆرمەت قىلىشى، تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، تۈزۈمنى قەتئىي قوغدىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، تۈزۈمنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نوپۇزلۇق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئومۇميۈزلۈك قاپلىغان تۈزۈم ئىجراسى ۋە نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئىجراسى ۋە نازارەتچىلىكنى رايونلار ئىدارە قىلىش، تارماقلار ئىدارە قىلىش، ساھەلەر ئىدارە قىلىش، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش، ئورۇنلار ئىدارە قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە تۈزۈم ئەۋزەللىكنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا ئايلاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، راۋاجلاندۇرۇپ، دىنلارنىڭ ئىجبىل ـ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئابدۇللا ئەخمەت:

# پارتىيە ئەزالىرى بوشاشمىسا، ئاھالىلەردە ئىشەنچ بولىدۇ

بىرىنچى سەپتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان قەھرىمانلار شەجەرىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يۈ شى

«يىگىت، تېخى ئەمدىلا چۈش بولدى، سىزنىڭ ۋېيشىندىكى قەدەم سانىڭىز 20 مىڭ قەدەمدىن ئېشىپتۇ، چارچاپ كەتمەڭ. مەن بايا قوي گۆشى بېسىپ پولۇ ئەتتىم، سەل تۇرۇپ سىزگە ئاپىرىپ بېرەي!»

«بولدى ئاچا، مەھەللىدە تاماق بار».

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مۇھىتنى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئابدۇللا ئەخمەت ئاھالە يۈ جىڭنىڭ تېلېفونىنى قوبۇل قىلدى، قارشى تەرەپنىڭ ۋېيشىن سىنىدىن ئۆزى ئۈچۈن ئەتكەن مەززىلىك تاماقنى كۆرۈپ، ئابدۇللانىڭ دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قەدىمى تېخىمۇ تېزلەشتى.

33 ياشلىق ئابدۇللا ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونى داشىمەن، شياۋشىمەن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى شىخې كوچىسى شىمالىي مەھەللىسىنىڭ خىزمەتچىسى. ئۇ 2012 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن ھازىرغىچە مەھەللىدە تۇرۇۋاتىدۇ، «ئايىغىنى چاققان قىلىپ، چىن قەلبى، چىن ھېسسىياتى بىلەن مۇلازىمەت قىلغان»لىقى ئۈچۈن ئاھالىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

شىخې كوچىسى شىمالىي مەھەللىسىدە 13 قورۇ، 1076 ئائىلە، 2000دىن ئارتۇق ئاھالە بار. بۇ قېتىمقى يۇقۇم دەسلەپ يۈز بەرگەندە، ئېنقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇش خىزمىتى تېز، دەل جايىدا تاماملاش ئۈچۈن، ئابدۇللا 36 ئائىلىلىك ئاھالىنى ئېنقلاپ رەتكە تۇرغۇزۇش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالدى. ئۇ ئۆيمۇ ئۆي كىرىپ، تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ئېنقلاپ ـ تىزىملاپ، پەقەت ئۈچ سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاھالىلەرنىڭ ئۇچۇرىنى ئىگىلەپ بولدى.

شۇ كېچە، ئابدۇللا ئىستاتىستىكا قىلىپ بولۇپ مەھەللىگە قايتىپ كەلگەندە، سەھەر سائەت 7 بولغانىدى.

قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدۇ، قىيىنچىلىقى بارلارغا جەزمەن ياردەم بېرىدۇ ـــ بۇ، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ ئابدۇللاغا بەرگەن باھاسى. ئاھالە تىيەن مىڭنىڭ سۈيدۈكتىن زەھەرلىنىش كېسىلى بار بولۇپ، ھەر ئىككى كۈندە دوختۇرخانىغا بېرىپ قان تازىلىتاتتى. مەھەللە ياردەم بېرىش تەشەببۇسىنى چىقارغاندىن كېيىن، ئابدۇللا بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن تىيەن مىڭنى دوختۇرخانىغا داۋالىنىشقا ئاپىرىپ ـ ئەكېلىش ئۇنىڭ يامغۇر، بورانغا قارىماي ئورۇندايدىغان ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

بىر قېتىم، ئابدۇللا چاقلىق ئورۇندۇق بىلەن تىيەن مىڭنى دۆڭگە ئىتتىرىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ چاقلىق ئورۇندۇق تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن تېزدىن بەدىنى ئارقىلىق چاقلىق ئورۇندۇقنى تىرەپ تۇرۇۋالدى. تىيەن مىڭ خەتەردىن ئامان قالدى، بىراق ئابدۇللانىڭ بېلىكى ۋە پۇتى سۈرۈلۈپ يارىلاندى.

«مۇشۇ كۈنلەردە، ئۇ مېنى كارىۋاتتىن كۆتۈرۈپ چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى، يەنە ئاپتوموبىلغا كۆتۈرۈپ چىقاردى، ھەر قېتىم ماڭا ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايمەن» دېدى تىيەن مىڭ تەسىرلەنگەن ھالدا.

ئۆيدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە بەزى ئاھالىلەرنىڭ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىدۇ. ئاشۇ كۈنلەردە، ئابدۇللا يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى ئېلىپ، ئۆزى ھۆددىگە ئالغان ئاھالىلەر بىناسى ئالدىدا قوندى. ئۇ مۇنداق دېدى: «پارتىيە ئەزالىرى بوشاشمىسا، ئاھالىلەردە ئاندىن تېخىمۇ ئىشەنچ بولىدۇ».

ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئابدۇللا ھەربىر قەۋەتكە چىقىپ، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ ئاھالىلەرنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيدۇ، ئەخلەتلىرىنى يىغىدۇ، پىسخىكا يېتەكچىلىكى قىلىدۇ. ئۇ يەنە يۇمۇرىستىك، قىزىقارلىق ھەم ئاممىغا يېقىن تىل بىلەن ھەر كۈنى ھويلىدا «زۇرۇر دەرسلىك» بېرىشتە چىڭ تۇرىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ، تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئاھالىلەر مۇنداق دېيىشىدۇ: ھەر كۈنى ئابدۇللانىڭ «ۋارقىرىغان ئاۋازى»نى ئاڭلىمىساق، كۆنەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندۇق.

كۆز يامغۇرىدا، ئۇنىڭ سىماسى باشتىن ـ ئاخىر ئولتۇراق رايوننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن كەتمىدى؛ دەنيۈەن ئىشىكىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا ئۇ «يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلارنى قىلغۇچى»غا ئايلاندى...

بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، جاپادىن قورقمىغاچقا، ئاھالىلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتا سەۋرچان ھەم ئەستايىدىل بولغاچقا، شىخې كوچىسى شىمالىي مەھەللىسىدىكى ھەر مىللەت ئاھالە بەس ـ بەستە ئابدۇللانى ئالقىشلىدى، ئۇنىڭغا لەۋھە تەقدىم قىلغاندىن سىرت، يەنە ئاھالىلەر ۋېيشىن توپىدا مۇنداق دېدى: ئابدۇللا قاتارلىق مەھەللە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالدىراش سىماسىنى كۆرۈپ، بىزدە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى تەبىئىيلا پەيدا بولدى.